# سەپەر ئازابتىن بىر پارچە

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: سەپەر ئازابتىن بىر پارچە، ئۇ سىلەرنىڭ يېمەك-ئىچمىكىڭلاردىن ۋە ئۇيقۇڭلاردىن توسىدۇ، بىرىڭلار سەپەردىكى مەقسىدىنى ئادا قىلسا ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرىسۇن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھنىڭ «سەپەر ئازابتىن بىر پارچە» دېگىنى، ئازابنىڭ بىر قىسمى دېگەن مەنىدە. بۇ يەردىكى ئازابتىن مەقسەت جاپادىن تۇغۇلغان ئازاب كۆزدە تۇتۇلغان، كىشى ئۆزى كۆنگەن ئادەتلىرىنى تاشلاپ، ئۇلاقتا مىنىپ، ئۇنىڭدىن چۈشۈش جاپالىرى مەقسەت قىلىنغان. «ئۇ سىلەرنىڭ يېمەك-ئىچمىكىڭلاردىن ۋە ئۇيقۇڭلاردىن توسىدۇ» دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى: مۇكەممەل، ئازادە ھوزۇرلۇنۇشنى توسىدۇ، چۈنكى ئۇ سەپەردە قىيىنچىلىق، چارچاش، ئىسسىق-سوغۇق، ئەندىشە، دوسلار ۋە ئائىلىدىن ئايرىلىش، يىرىك تۇرمۇش ئارقىلىق جاپادا بولىدۇ، زېھنى سەپەردىكى مۇھىم ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئادەتتىكى كۈنلەردەك يەپ-ئىچىپ، ئارام ئېلىپ قىلالمايدۇ، ئۇيقۇ ئىشلىرىمۇ ھەم شۇنداق، ئەھۋال بۇنداق بولغانىكەن، سەپەردىكى ئىشلىرى تۈگىگەن ھامان، ئائىلە، بالا-چاقىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن يۇرتىغا قايتىشقا ئالدىرىسۇن، دېگەن مەنىدە. «بىرىڭلار سەپەردىكى مەقسىدىنى ئادا قىلسا ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرىسۇن» دېگىنى، سەپەردىكى مەقسەت، ئېھتىياج، دېگەن مەنىدە

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5404